Community Resilience to Foreign Interference

# ئەسلى يۇرتىغا قايتۇرۇلۇش بېسىمى

چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى يولغا قويغان چەتئەل دۆلەتلىرى كىشىلەرنى مەجبۇرلىشى ياكى شەخسلەرنى ئارزۇسىغا قارشى ئۆز يۇرتىغا قايتىشىغا بېسىم قىلىشى مۇمكىن. بۇ **مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىش** دەپ ئاتىلىدۇ.

**بۇنىڭ ئۇچۇن چەتئەل دۆلىتى:**

- كىشىلەرگە ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە-ئەزالىرى ياكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا ساياھەت چەكلىمىسى قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش ھەمدە ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا بېسىم پەيدا قىلىش
- يۇرتىدىكى پۇل-مۇئامىلە مۈلكىنى توڭلىتىش
- كىشىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئائىلە-ئەزالىرى، دوستلىرى ياكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى پاراكەندە قىلىش ۋە تەھدىت سېلىش ياكى ئۇلارغا بېسىم قىلىش ئارقىلىق، بۇ كىشىنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندەش.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، گەرچە ئۇلارچەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ نىشانىبولسىمۇ، مەجبۇرىي يۇرتىغا قايتۇرىۋېتىش كۆپىنچە كىشىلەرئۇچرايدىغان ئىش ئەمەس.

## ئېكستىرادىتسىيە قىلىش (ئۆتكۈزۈپ بېرىش)

### ئېكستىرادىتسىيە (ئۆتكۈزۈپ بېرىش) دېگەن نېمە

ئېكستىرادىتسىيە قىلىش(ئۆتكۈزۈپ بېرىش) دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رەسمىي قانۇنىي تەرتىپ بولۇپ، بىر كىشىنى جىنايى ئەيىبلەشكە ياكى جازا مۇددىتىنى ئۆتەشكە قايتۇرۇش ئۈچۈندۇر .يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەرتىپى 1999-يىلىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن.

.قانۇنلۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ بىر خىل شەكلى ئەمەس

### قاچان ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىتەلەپ قىلسا بولىدۇ

ئەگەر بىر كىشى ئۆز دۆلىتىدە جىنايى ئىشلار بويىچە ئەيىبلەنگەن بولسا، ياكى جازا مۇددىتى توشمىغان بولسا، شۇ دۆلەت شۇ كىشى تۇرۇۋاتقان دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان دۆلەت خەلقئارا شەرتنامىگە ياكى چەتئەلنىڭ ئىچكى قانۇنىغا تايانسا بولىدۇ. ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنىدا، چەتئەلنىڭ يېڭى زېلاندىيەدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش شەرتنامىسى بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسى چېتىشلىق كىشىنى قولغا ئېلىش ۋە قايتۇرۇپ كېلىش ئىلتىماسى بولۇپ، ئەسلى دۆلەتتە سوت ئېچىش ياكى داۋاملىق جازا مۇددىتى ئۆتەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### يېڭى زېلاندىيە ئۆتكۆزۈپ بېرىش تەلىپىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىدۇ

يېڭى زېلاندىيەدە باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئۆتكۆزۈپ بېرىش ئىلتىماسىغا ھۆكۈمەت ۋە سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىدۇ.

يېڭى زېلاندىيە قانۇنىدا ئەگەر ئۇلارسىياسىي زىيانكەشلىك قىلىشقا ئىشلىتىلىۋاتقان بولسا ،دائىرىلەرئۆتكۆزۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلالايدۇ.

بۇنىڭغا شۇ كىشىنىڭ ئىرقى، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، دىنى، مىللىتى، جىنسى ياكى باشقا سالاھىيىتى ياكى سىياسىي كۆزقارىشى سەۋەبىدىن ياكى سىياسىي خاراكتېرگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن (باشقىلارنىڭ سىياسى كۆز قارىشى ياكى پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك) ئۇلارنى جازالاش مەقسىتىدە ئەيىبلىنىۋاتقان ئەھۋاللار كىرىدۇ.

يېڭى زېللاندىيە يەنە ئەگەر بۇ كىشىنى ئەيىبلەش سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ۋە ئادالەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولسا، چەتئەلنىڭ ئۆتكۆزۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلسا بولىدۇ. ئەگەر بارلىق ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ كىشىنى قايتۇرۇۋېتىش ئادالەتسىز ياكى زۇلۇم قىلىش بولسا، بۇ دېلونى رەت قىلسا بولىدۇ.

### يېڭى زېلاندىيەدە ئۆتكۆزۈپ بېرىش قانداق باشقۇرۇلىدۇ

ئەگەرباشقا دۆلەتلەرنىڭ كۈچكە ئىگە قولغا ئېلىش بۇيرۇقى ياكى جىنايى ئىشلارئەيىبلىشى بولسا، يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان رەسمىي جەريانلارئارقىلىق ئۆتكۆزۈپ بېرىشنى باشقۇرىدۇ .چەتئەل دائىرىلىرى يېڭى زېلاندىيەدىكى كىشىلەرنى ئۆتكۆزۈپ بېرىشنىڭ بىرقىسمى سۈپىتىدە قولغا ئالالمايدۇ، تۇتۇپ تۇرالمايدۇ ۋە ئۇلارغا يېقىنلىشالمايدۇ.

## ياردەمنى قەيەردىن ئېلىش

### قانۇنىي ۋەكىللىك ۋە مەسلىھەت

ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۆتكۆزۈپ بېرىش تەرتىپىنى بىرتەرەپ قىلىدۇ، لېكىن شەخسلەرگە قانۇنىي مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ.

بويىچە. دېمەك، ئۆتكۆزۈپ بېرىش ئىلتىماسىغا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق كىشى ئۆتكۆزۈپ بېرىش، كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارا قانۇن مەخسۇس ئادۋوكات بىلەن ئالاقىلىشىشى كېرەك

[يېڭى زېلاندىيەدىكى قانۇنىي ياردەم ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بۇ يەردىن كۆرۈڭ].